# UTFW2-072 - Amine Wahit

1. مەن ئامىنە ۋاھىت. ئۈرۈمچى شەھەر، تەڭرىتاغ رايونى، ئۈچتاش ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرىمەن. مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئائىلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىمەن. چوڭ ئاكام ئابدۇسوپۇر ئېلى 52 ياش. 2016. يىلى 7. ئاينىڭ 16. كۈنى ئۈرۈمچىدىكى تىجارەت قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاقسۇ ئۈچتۇرپاننىڭ «ئۈرۈمچىدىكى جەنۇب نوپۇسىدىكىلەر ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش» دېگەن چاقىرىقى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. ۋە لاگىرغا سولىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاكامدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئۆلۈك تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن. 2016- يىلى 9- ئايغىچە مەن كىچىك ئاكام ئابدۇشكۈر ئېلى بىلەن ئالاقە قىلىپ ئاكامنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىۋاتقان ئىدىم. ئەمما 2016- يىلى 9- ئايدا كىچىك ئاكامنىمۇ ئۆزى ئىچىۋاتقان ئاشخانىسىدىن (تىجارەت قىلىۋاتقان يەردىن) تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە ھېچقانداق ئالاقەم يوق. ھازىر تۆت يىل بولۇپ ئاشتى. مەن بۇ ئائىلىرىمنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن.
2. چوڭ ئاچام پاتىمەن قۇربان، ئاقچى ناھىيەسىدە ھېچقانداق سەۋەپسىز 2016- يىلى يىل ئاخىرىدا لاگىرغا تۇتۇپ ئېلىپ كېتىلىپ تۆت ئاي لاگىردا قالدى. 2017- يىلى 3- ئايدا لاگىردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە داۋالانغىلى كەلدى ۋە شۇ جەرياندا مەن بىلەن بىر ھەپتىدەك كۆرۈشۈپ تۇردى. يۇرتىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن بىلەن كۆرۈشكەننى باھانە قىلىپ ئاچامنى يەنە ئىككىنچى قېتىم لاگىرغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئاچام 2020- يىلى 5- ئايدا لاگىردىن چىقتى دېگەننى ئاڭلىدىم ئەمما ئۆزى بىلەن ھېچقانداق شەكىلدە ئالاقە قىلالمىدىم. ھازىرغىچە ئائىلىرىم ياكى ئاچام بىلەن ئالاقە قىلالمىدىم.
3. تۆۋەندە مەن 2017- يىلى 3- ئايدا ۋەتەنگە بېرىپ 4- ئايدا قايتىپ كەلگەن بىر ئاي جەرياندىكى ئۆزۈم كۆرگەن ئىشلارغا گۇۋاھلىق بەرمەكچى. مەن 2017- يىلى 3- ئاينىڭ 24- كۈنى تۈركىيە ئىستانبۇلدىن ۋەتەنگە قايتتىم. ئۇ كۈنى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەن قايتىشتىن بۇرۇن ئۆيۈمنى ئۈچتاش ئاھالە كومىتېتىدىن «ئىگىسى چەتئەلدە بولغان ئۆيلەرنى ۋاقىتلىق پېچەتلەش» دېيىلىپ، ئۆيۈم پېچەتلىنىپتىكەن. مەن يەكشەنبە كۈنى قايتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆيۈم پېچەتلەكلىك بولغاچقا ئۆيۈمگە كىرەلمەي تەۋەلىكتىكى ماڭا مەسئۇل بولغان سىن گۈيىيڭ ئىسىملىك خىتايغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ماڭا پېچەتنى يېرتماستىن سىلىق ئېچىپ كىرىپ تۇرسام بولىدىغانلىقىنى لېكىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيگە تەكشۈرۈپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

4. مەن 2017- يىلى ۋەتەنگە بارغاندا ھىس قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى مىنىڭ ئالدىمغا ئۇرۇق تۇغقانلىرىمدىن ھېچبىرى چىقمىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋەتەنگە قايتقىنىمدا مىنى كۈتىۋالغىلى ئۇرۇق تۇغقانلىرىم ئالدىمغا چىقاتتى. مەن بۇنىڭدىن بەكلا ھەيران قالدىم. مەن ئۆيگە بارغاندىن كيين خوشنىلىرىم ماڭا «ئۇيغۇرچە كىتاپ، قۇرئان ۋە شۇنىڭدەك كىتاپ ماتېرىياللارنىڭ ھېچقاندىقىنىڭ ئۆيدە ساقلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەتە ئەتىگەندە ئاھالە كومتېتىدىن كىرىپ قالغۇچە ئۆيدىكى ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ يوق قىلىۋىتىشىمنى ئېيتتى. مىنىڭ ئۆيۈمدە كىتاپ ماتېرىياللار كۆپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆيۈمدىن شۇ كۈنى كېچىدە ئىككى يېشىك كىتاپنى (ھەممىسى قانۇنلۇق نەشىر قىلىنغان، نەشرىياتلاردىن چىققان كىتاپلار بولسىمۇ) ئۈرۈمچى شەھرىدە كامېرا يوق يەر تاپالماي، تۇغقانلارنىڭ ماشىنىسى بىلەن تۇقسۇنغا يېقىن يەرلەرگىچە بېرىپ ئىككى يېشىك كىتاپنى تاشلىۋىتىپ كەلدىم.
5. مەن ئۆيگە كەلگەندىن كيين، ئۆزۈم يالغۇز بولغاچقا بىر تۇغقىنىمنى ئۆيدە ماڭا ھەمرا بولۇپ بىرىشى ئۈچۈن بىر ئاخشام قوندۇرۇپ قالغان ئىدىم. كومتېتتىكىلەر بۇنى كامېرادىن كۈزىتىپ تۇرۇپتىكەن. يېرىم كېچە بىلەن ئۆيگە كىرىپ «بىزدىن رۇخسەتسىز ئۆيۈڭدە مېھمان تۇرغۇزۇپسەن» دەپ يېرىم كېچىدە مىنى ئۆيۈمدىن چىقىرىۋەتتى. ئۆي مىنىڭ نامىمدىكى، ئۆزۈم سېتىۋالغان ئۆي بولسىمۇ ئەمما ئۇلار مېنى ئۆيدىن چىقىرىۋىتىپ، ئۆينى پېچەتلىۋەتتى. بۇ جەرياندا ئۇرۇق تۇغقانلىرىممۇ مېنى ئۆيىگە كىرگۈزەلمىدى. چۈنكى ئۇرۇق تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگىمۇ باشقا كىشىلەرنى كىرگۈزۈش چەكلەنگەن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ مەن بىر ھەپتە مېھمانخانىدا قالدىم. يەنئەنلۇدىكى «رادىيو-تېلېۋىزىيە مېھمانخانىسى» دىگەن مېھمانخانىدا قالدىم. بۇ جەرياندا مەن ھەر كۈن ئۆزۈم تەۋە بولغان ئاھالە كومتېتىغا بېرىپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ، ئىلتىماس يېزىپ، تۆۋەنامە يېزىپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆيۈمنى ئېچىپ بىرىدىغان چاغدا يازغان تۆۋەنامەم ھازىرغىچە ئىسىمدىن كەتمەيدۇ، ئۇ خورلۇقلار. مەن نۇرغۇن تۆۋەنامىلەرنى يازغان ئىدىم ۋە ئۇ تۆۋەنامىلەرنى كۆتۈرۈپ خىتاي شۆجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرسەم، ئۇ مېنى ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، «ئۆزۈڭ ئوقۇيسەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا تۆۋەنامەمنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇ ماڭا ئىنتايىن قوپال ھالدا قايتا-قايتا ھەرخىل سۇئاللارنى سوراپ، ئاخىرىدا ئۆيۈمنى ئېچىپ بەردى. مەن بۇ جەرياندا ھىس قىلغان مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئىشلار بار.
6. بىرىنچىدىن: 2017- يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئازلاپ كەتكەن. ھەممە يەر كامېرا بولۇپ كەتكەن، چوڭ يوللاردا ماشىنىدىن باشقا ئادەمنى ماڭغۇزمايدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە توساق قۇرۇپ، ئاشۇ يەردىن، توساقلارنىڭ، كامېرالارنىڭ ئارىسىدىن ماڭىدۇ.

7. ئىككىنچىدىن: دوستلار، ئۇرۇق تۇغقانلار كۆرۈشۈپ، تاماق يېيىشىپ، تويلۇشۇپ قىلالمايدىكەن. بولۇپمۇ چەتئەلدىن كەلگەنلەردىن ھەممە ئادەم قاچىدىكەن ئۇرۇق تۇغقانلىرىمۇ، دوستلىرىمۇ. ئۇ نېمە سەۋەپتىن چىققان بولسۇن. مىنىڭ دوستلىرىم ۋە ئۇرۇق تۇغقانلىرىممۇ مەن تىجارەت قىلىۋاتقان يەرگە كىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا ماڭا دىگەن گېپى«بىز نەچچە ئاي بولۇپ كەتتى، كىيىمىمىزنى سېلىپ ياتالمايۋاتىمىز» دىگەن ئىدى. چۈنكى كېچىدە تۇيۇقسىز، تۇيۇقسىز كىرىپ تۇتۇپ چىقىپ كىتىدىكەن، ھەر كۈنى بىر بىرى بىلەن خەۋەرلىشىدىكەن، تېنچلىق ئامانلىق سورىشىدىكەن. چۈنكى كېچىدە كىمنى تۇتۇپ، قانداق ئادەملەرنى تۇتۇپ كىتىدىغانلىقىنى ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدىكەن. ئاشۇنداق دەرىجىدە ئادەم تۇتۇش بولۇپ كىتىپتۇ. يەنە بىر جەھەتتىن پۈتۈن جەنۇپ نوپۇسىدىكىلەرنى، ئۇلار مەيلى ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان بولسۇن ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئۆز يۇرتىغا ھەيدىۋەتكەن. ھەتتا بۇ جەرياندا ئەر-ئاياللار، بالىلىرى بولغان ئائىلىلەرمۇ مەجبۇرى پارچىلىنىپ كەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى رايۇنلىرى، تىيانشان رايۇنى، شىمىگۇ رايۇنى دىگەندەك رايۇندىكىلەرمۇ بىر بىرى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ رايۇننىڭ رۇخستىنى ئېلىپ توي قىلىدىكەن. بولمىسا توي قىلىپ بولغاندىن كيىن ئوغۇل تەرەپ قىزنى ئۆز رايۇنىغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كىلەلمەيدىكەن. يەنە بىرى، ئۆي سېتىش چەكلىنىپتىكەن. ئۆي ساتماقچى بولغاندا ئۇ ئۆينى نېمە ئۈچۈن ساتىدۇ، پۇلنى نەگە ئىشلىتىدۇ دىگەنلەرنى دۆلەتكە دوكىلات قىلىشى كىرەك ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسى ئۆيى بولسىمۇ. ئاندىن ئۆينى كىمگە ساتىدىغانلىقىنى دىيىش كىرەك ئىكەن. شۇ رايۇندىكىلەر ئۆي سېتىۋالغۇچىنى تەكشۈرۈپ «موشۇ ئادەم ئۆينى سېتىۋېلىپ، بىزنىڭ رايۇندا ئولتۇرسا بولىدۇ» دەپ خەت قىلىپ بەرسە سېتىپ بىرەلەيدىكەن بولمىسا ساتالمايدىكەن.
8. ئۈچۈنچىدىن: ئۆيگە ھېچقانداق مېھمان چاقىرالمايدىكەن، دوستلارمۇ بىر بىرىنىڭ ئۆيىگە كىلەلمەيدىكەن يېرىم سائەتتىن ئارتۇق . ھېيت بايرام ۋە ھەپتە ئاخىرىدا مېھمان ۋە دوست بۇرادەرلىرىنى چاقىرماقچى بولسا، كىلىدىغان مېھمانلارنىڭ كىملىكىنى ئېلىپ چوقۇم ئۆز تەۋەلىك رايۇن ساقچىسىدىن شۇلارنى ئېنىقلىتىپ رۇخسەت ئالىدىكەن. رۇخسەت ئالغاندىن كيىن ئاندىن ئۇلار كىلىپ مېھمان بولۇپ كىتىدىكەن ۋە بۇ جەرياندا ئۆزى تەۋە رايۇندىن بىر كىشى كىلىپ شۇ مېھمانلار بىلەن تەڭ ئولتۇرىدىكەن، مېھمانلار تارقاپ بولغىچە. يەنە بىر مەسىلە: ھەممە ئۆيلەرگە كود بىكىتىپ قويغان، ئۆينىڭ ئىچى تەرەپكە. ھەر كۈنى شۇ ئۆيگە مەسئۇل ساقچى ئەتىگەندە بىر، كەچتە بىر كىلىپ شۇ كودنى تەكشۈرۈپ چىقىپ كىتىدۇ. ئۇ كودنىڭ نېمىگە بىكىتىلگەنلىكىنى مەن بىلمىدىم. ئاندىن ھەر بىر بىنانىڭ كىرىش قەۋىتىدە چوقۇم

ئەتىگەندىن كەچكىچە ئادەم ئۆزۈلمەيدىكەن. كامېرادىن سىرىت ئادەملەر ئولتۇرىدىكەن. كەلگەنلەردىن «نېمىشقا كەلدىڭ؟ نېمىشقا كىرىسەن» دېگەندەك گەپلەرنى سورايدىكەن. شۇ جەرياندا ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان ئاچام ئۈرۈمچىگە كېلىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە بىر قېتىممۇ كىرەلمىدى. ئاچام بىلەن سىرىتلاردا، ئاشخانىلاردا تاماق يېگەچ، بازار ئايلانغاچ پاراڭلاشتىم. مەن ھىس قىلغان 2017- يىلىدىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى موشۇ. ئۇنىڭدىن كيىن مەن كەلگەندىن بىرى ھېچقانداق ئالاقەم يوق ئۆيۈم ۋە ياكى تىجارەت ئورنۇمدىن دېگەندەك.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىنغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**